# شوتا يۆتكەشمۇ ياكى خىش ئېتىشمۇ

## ـــ ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەققىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

☐ جۇڭ شېڭ

«ئىستېمالچىلارنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دۆلەت ئىچىدىكى ئەركىن رىقابەت ۋە پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان ئەركىن سودا». نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس فرىدماننىڭ بۇ مەشھۇر سۆزى ھازىرغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئويغىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

سودا ھەمكارلىقى قوش پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، سودا توقۇنۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى يوق، بۇ ئاللىقاچان دۇنيا تارىخى تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا ئىسپاتلانغان داۋلى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى نەزەرگە ئالماي، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا قۇرۇلمىسى يۇقىرى دەرىجىدە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، مەنپەئىتى چوڭقۇر ئارىلىشىپ كېتىشتەك ئاساسىي پاكىتنى پۈتۈنلەي چەتنەپ، ئاۋۋال «ئامېرىكا زىيان تارتىش سەپسەتىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «جۇڭگو بىلەن بولغان سودىدا بىز ھەر يىلى 500 مىليارد دوللار زىيان تارتىمىز» دەپ جار سېلىپ، «جۇڭگونىڭ ئېكسپورت ئۇشۇقچىلىقى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى سانائەت رايونلىرىنى قۇرۇقدىۋەتتى» «ئامېرىكا نەچچە مىليون ياسىمىچىلىق ئىش ئورنىدىن زىيان تارتتى» دەپ ئاغرىندى؛ ئارقىدىن يەنە «تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش پايدىلىق سەپسەتىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز جۇڭگودىن نەچچە يۈز مىليارد دوللار تاموژنا بېجى ئالىمىز» دەپ جار سېلىپ، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنىڭ ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە خەلق پاراۋانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى كۆچەپ تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆپەيتىش بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ سودا تالاش ـ تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىكى «ئورۇنلۇق سەۋەب»كە ئايلىنىپلا قالماي، يەنە تاموژنا بېجى چوڭ كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ ئېرىشكەن «غەلىبە مېۋىسى»گە ئايلاندى.

لېكىن، ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداقمۇ؟

دۇنيادا ئەزەلدىن ئەجىرسىز نەپكە ئېرىشىدىغان ئىش بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھېچكىم زورلۇق بىلەن تارتىۋالالمايدۇ. ئاشۇ ئاتالمىش تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش «دۆلىتىمىزگە تېخىمۇ كۆپ بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ھەتتا ئەنئەنىۋى تېپتىكى سودىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سودا» دېگەن باھانىسى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز؛ ئاشۇ ئاتالمىش تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ئامېرىكا خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرىدۇ، دېگەن سەپسەتىلەر قىلچە ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىلغان ساختا كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يېقىندا، نيۇيورك فېدېراتسىيە زاپاس بانكىسى بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئۆستۈرۈلگەن تاموژنا بېجى غايەت زور ئىقتىسادىي بۇرمىلىنىشنى پەيدا قىلىشى ھەم ئامېرىكىنىڭ تاموژنا بېجى كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئىنتايىن يۇقىرى بولغان باج نىسبىتى تاموژنا بېجى كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، چۈنكى ئىمپورت سودىگەرلىرى تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىنىدىغان بىر دۆلەتتىن تاۋار ئىمپورت قىلىشنى توختىتىدۇ ھەم باشقا دۆلەتلەردىكى (ئۈنۈمى بىرقەدەر تۆۋەن) ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرىدىن تاۋار ئىمپورت قىلىشقا ئىنتىلىدۇ». بىر تۈرلۈك ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرى ۋە ئىمپورت سودىگەرلىرىنى بۇلتۇر ھەر ئايدا 4 مىليارد 400 مىليون دوللار زىيانغا ئۇچراتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا ئالغان تاموژنا بېجى كىرىمى «ئىمپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋالغان ئىستېمالچىلار تارتقان زىياننى تولدۇرۇشقا يەتمىگەن». ھەتتا ئاقساراي دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى كودلوۋمۇ جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىغا چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا بىۋاستە تاموژنا بېجى تۆلىمەيدۇ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككىلا تەرەپ تاموژنا بېجى سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرايدۇ، دەپ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنى «خەلق تۇرمۇشىنى قوغدىغانلىق» دەۋېلىش تېخىمۇ بىمەنە سەپسەتىدۇر. «خۇائېرجېي كوچىسى گېزىتى»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تېخىمۇ يۇقىرى تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىش ئامېرىكىنىڭ ئادەتتىكى ئىستېمالچىلىرىغا نىسبەتەن غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ چېتىلىدىغىنى بىر قاتار ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئىستېمالچىلار تېخىمۇ يۇقىرى باھاغا دۇچ كېلىدۇ. تېخىمۇ بىۋاستە كۆزەتكەندە، چىكاگو داشۆسى ۋە ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپاس كومىتېتىنىڭ بىر تۈرلۈك بىرلەشمە تەتقىقاتىدا، تەتقىقاتچىلار «كىرئالغۇنى مىسال قىلىپ» تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىستېمالچىلارغا بولغان تەسىرىنى ئىسپاتلىدى. نەتىجە شۇنى كۆرسەتتىكى، 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئامېرىكا ئىمپورت قىلغان كىرئالغۇغا تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالغاندىن بۇيان، كىرئالغۇنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 12% ئۆرلەپ، ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرىنىڭ ھەر يىلى كىرئالغۇ ۋە قۇرۇتۇش ماشىنىسىغا قىلىدىغان چىقىمى 1 مىليارد 500 مىليون دوللار ئېشىپ، ھەربىر كىرئالغۇغا 86 دوللار ئارتۇق چىقىم قىلغان، ھەربىر قۇرۇتۇش ماشىنىسىغا 92 دوللار ئارتۇق چىقىم قىلغان. ئامېرىكا تەرەپ قوشۇپ ئالغان تاموژنا بېجى ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى ئىمپورت سودىگەرلىرى، توپ سېتىش سودىگەرلىرى، پارچە سېتىش سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى ئىستېمالچىلىرىغا يۈكلەنگەن. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ 150تىن ئارتۇق سودا جەمئىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «تاموژنا بېجى ئامېرىكىنىڭ كىندىك رايونىغا زىيان يەتكۈزىدۇ» تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، تاموژنا بېجىنى 25%كە ئۆستۈرۈش ئامېرىكىنىڭ 1 مىليونغا يېقىن ئىش ئورنىغا زىيان يەتكۈزىدىكەن ھەم پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ داۋالغۇشىنى ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا ئېلىپ كېلىدىغىنى ھەرگىزمۇ «خۇش خەۋەر» بولماستىن، بەلكى «قاباھەتلىك چۈش» بولۇپ، تاموژنا بېجىنى ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ئىستېمالچىلىرى ۋە كارخانا ساھەلىرى «ئۈستىگە ئالىدۇ».

قايىل قىلارلىق پاكىت ئالدىدا، كۆچلۈك قارشى تۇرۇش سادالىرى ئاستىدا، ئاشۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىمۇ گەپىنى ئۆزگەرتىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاتالمىش «قىسقا مۇددەت ئاغرىش، ئۇزاق مۇددەت پايدا ئېلىش» ئارقىلىق ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق باھانە ئىزدىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئاممىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىسقا مۇددەتتە ئاغرىيدىغىنى ئېنىق، ئۇزاق مۇددەتتە پايدا ئېلىشمۇ ناتايىن. ئامېرىكىدىكى سېرىق پۇرچاق تېرىغۇچى دېھقانلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار قانچىلىك سېرىق پۇرچاق تېرىش، زاپاس ساقلىغان سېرىق پۇرچاقلارنى تۆۋەن باھادا سېتىش ـ ساتماسلىقتەك قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، جۇڭگو بازىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش زەربىسىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ «40 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران ئېرىشكەن بازار» بولۇپ، بىردىنلا ئايرىلىپ قالسا قاچان قايتا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ھازىر، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقتا پات ـ پات سۈركىلىش ۋە ئىختىلاپقا دۇچ كېلىپ تۇرسىمۇ، بىراق شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى بىلەن چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. بۇ دەل جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقانلىقىنى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن، جاھىللىق بىلەن ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندا، نەتىجىدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپمۇ ئۆزى پايدا ئالالمايدۇ. ئەنگلىيە «ۋېيياۋ گېزىتى» دەل جايىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئۇرۇشى ئاساسەن ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ھەربىر ساھەسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، غەلىبە قىلغۇچى ئاساسەن مەيدانغا كەلمىدى. تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ھەرگىزمۇ «شوتا يۆتكەش» بولماستىن، بەلكى «خىش ئېتىش». ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەيلى دۇنيا خەلقى بولسۇن ياكى ئامېرىكا خەلقى بولسۇن، ھەممىسى بۇ نۇقتىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)




**ئاپتونوم رايوندا تۇنجى تۈركۈمدىكى يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان 75 ماشىنا ئادەم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى**

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ۋېيتەي سارىيىدا شىنجاڭ چۇاڭزى ماشىنا ئادەم پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى ماشىنا ئادەم «چۇاڭچۇاڭ»نى تەكشۈرمەكتە.

شۇ كۈنى، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان 75 سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەم ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، مەھەللە، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا رەسمىي تاپشۇرۇپ بېرىلدى، بۇ ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) دۆلەت دەرىجىلىك سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەم ئىشلىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنىڭ رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

☐ مۇخبىرىمىز شېي لۈڭ فوتوسى

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن: قارلىق ئېگىزلىكتىكى ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان



بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر كاڭ جىنچيەن)** 5 ـ ئايدىكى غەربىي سىچۈەن ئېگىزلىكىدە، ئېگىز تاغدىكى قارلار تېخى ئېرىمىگەنىدى. سىچۈەن گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ گەنزى ناھىيە بازىرىدا، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بىر خاتىرە سارايى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ جايغا «قارلىق ئوغلى» بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننىڭ قىزىل ئارمىيەگە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ئىنقىلاب ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. خەنزۇ، زاڭزۇ قېرىنداشلار ئۇزاقتىن بۇيان ئېيتىپ كەلگەن بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن 1903 ـ يىلى گەنزى ناھىيەسىنىڭ بەيلى يېزىسى دېشىدى كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. يەتتە يېشىدا گەنزىدىكى بەيلى ئىبادەتخانىسىنىڭ گېگەنى دەپ بېكىتىلدى، 17 يېشىدا لاسادىكى گەندەن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ نوم ئۆگەندى، سەككىز يىلدىن كېيىن «لاراڭبا» گېشى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ بەيلى ئىبادەتخانىسىدا رىياسەتچى بولدى.

بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن ئادىل، ئاق كۆڭۈل، نامرات پۇقرالارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، زاڭزۇلار رايونىدىكى ئاممىنىڭ چوڭقۇر ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. 1936 ـ يىلى باھاردا، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ زاڭزۇلار رايونىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىزىل ئارمىيەنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، كومپارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيە توغرىسىدا ھە دەپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، تۆھمەت چاپلاپ، زاڭزۇلار رايونىدىكى ئاممىغا قىزىل ئارمىيەنى ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلىمەسلىك توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، قىزىل ئارمىيەگە ياردەم بېرىشنى قاتتىق چەكلەپ، قىزىل ئارمىيەنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشكە ئۇرۇندى.

قىزىل ئارمىيە گەنزىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، زاڭزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ بارغانلىكى جايدا ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئاممىنىڭ يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگىمۇ تەگمىدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن ئۇلارنىڭ خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئارمىيە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، قىزىل ئارمىيەگە يېقىنلىشىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتى بىلەن زاڭزۇلار رايونىدىكى خەلقنىڭ قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن ئاشلىق، يەم ـ خەشەك تەييارلاش، قىزىل ئارمىيەگە ياردەم بېرىشكە تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاممىغا پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ سىياسەت، تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە، نۇرغۇن زاڭزۇ قېرىنداشلار ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن تەرجىمان، يول باشلىغۇچى بولۇش، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننىڭ قىزىل ئارمىيەنى قوللاش ھەرىكىتى قىزىل ئارمىيەنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى، باش قوماندان جۇ دې ئۆزى بەيلى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، بۇددا دىنى ساھەسىدىكى بۇ تەرەققىيپەرۋەر زاتنى يوقلىدى، بىرنەچچە قېتىم سەممىمىي پاراڭلىشىش ئارقىلىق، ئۇ قىزىل ئارمىيە ۋە ئىنقىلاب ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ كومپارتىيەگە ئىشىنىپ، ئىنقىلابنى مەڭگۈ قوللاش ئىرادىسىنى چىڭىتتى، شۇنداقلا قىزىل ئارمىيە بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن تېخىمۇ ئاكتىپ ھالدا قىزىل ئارمىيەگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە ئاتلاندى.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيە شىمالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ۋە ئەكسىيەتچىل تۇسلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، يايلاقنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. جۇڭخۇا سوۋېت بوبا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلار ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىندى، قىزىل ئارمىيە كېتىپ ئىككىنچى كۈنىلا 40 نەچچە كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ ئىنتايىن زور خەۋپكە قارىماي كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى ھەم ئەكسىيەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئاتامانلارغا داۋلى سۆزلەپ، نەسىھەت قىلىپ، قىرغىنچىلىقنى توسماقچى بولدى، ئۇ ۋە ئاممىنىڭ خەۋەر ئېلىشى نەتىجىسىدە، كاڭبېي ئېگىزلىكىدە قېپقالغان قىزىل ئارمىيەنىڭ 3000 دىن ئارتۇق يارىدار جەڭچىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىخەتەر يۆتكەلدى.

1949 ـ يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك خۇش خەۋىرى زاڭزۇلار رايونىغا تارقالدى. بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن ۋە پۇقرالار ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلاندى، ئۇ ۋە بەزى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋەكىل ئەۋەتىپ، دۈشمەننىڭ قامال لىنىيەسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، چىڭخەيدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بېيجىڭغا بېرىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇ دې، يولداش جوۋ ئېنلەيگە لەۋھە تەقدىم قىلىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. 1950 ـ يىلى، سىچۈەن زاڭزۇلار رايونى ئازاد بولدى، بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن غەربىي جەنۇب ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە غەربىي جەنۇب مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇ دې ئۇنى سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئالاھىدە تەكلىپلىك ۋەكىل سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنى توسۇشنى كۈچەيتىپ، شىزاڭنى پارچىلاپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى شىزاڭغا بېرىپ نەسىھەت قىلىپ، شىزاڭدىكى كونا كۈچلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، بالدۇرراق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن زاڭزۇ خەلقىنىڭ ئازراق قۇربان بېرىپ، بالدۇرراق ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن شىزاڭغا بارىمەن. مەن ئۆزۈم ئۇ جايدىكى خەلق ۋە لامالارغا خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئازادلىق ئارمىيەنىڭ شىزاڭ خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىمەن».

بەختكە قارشى، شىزاڭغا بېرىش سەپىرىدە، بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن جاھىل كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى ھەم زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، شۇ يىلى ئۇ ئاران 47 ياشتا ئىدى.

قەھرىمان گەرچە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت «باش قوماندان جۇ دې ۋە بەشىنچى ئەۋلاد گېگەن گېدا خاتىرە سارىيى» سالدى، سارايدا بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەننىڭ تەرجىمىھالى، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردە گەنزىدىن ئۆتكەندىكى ئىش ئىزلىرى ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، ھەر قېتىملىق مۇھىم بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بەشىنچى ئەۋلاد گېدا گېگەن بىلەن گەنزى زاڭزۇلار رايونىدىكى خەلق جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بەردى ھەم تۆھپە قوشتى، تارىخ بۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)